# باي كىشىنىڭ قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈپتىشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر، بىرىڭلارنىڭ قەرزى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىنسا ئۇنى قوبۇل قىلسۇن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: باي كىشىنىڭ قەرز قايتۇرۇشنى كېچىكتۈرۈپتىشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر، بىرىڭلارنىڭ قەرزى باشقا بىرسىگە ھاۋالە قىلىنسا ئۇنى قوبۇل قىلسۇن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىس مۇئامىلىنىڭ ئەدەپلىرىدىن بولغان بىر ئەدەپنى بايان قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرزدارنى قەرزنى چىرايلىق ئادا قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنىڭدەك قەرز ئىگىسىگىمۇ قەرزنى چىرايلىق تەلەپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىندۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرز ئىگىسىنى باشقىلاردىن ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلغاندا ياكى باشقىلار ئۇنىڭدىن قەرزنى تەلەپ قىلغاندا، قەرزنى ئادا قىلىشقا قادىر بولغان كىشىنىڭ سەۋەبسىز ئۇنىڭ ھەققىنى كېچىكتۈرىشىنىڭ زۇلۇم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بىرىدۇ، قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن مەلۇم مۇددەت كېچىكتۈرۈشنى ۋە ئۆزىگە ئاسانچىلىق بېرىشنى، قەرزنى باشقا بىر كىشىدىن ئېلىۋېلىشنى ھاۋالە قىلغان بولسا، ئەگەر قەرز ئىگىسى بۇ ھاۋالىنى قوبۇل قىلغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا بۇ زۇلۇم يوق بولىدۇ. قەرزنى چىرايلىق تەلەپ قىلىش، ئادا قىلىشقا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش، شۇنداقلا قەرزنىڭ قەرزدارنىڭ زىممىسىدە ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشى ،بىلەن شەكىللىنىدىغان زۇلۇمنى يوق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6141

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee